# دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسىنى توغرا ئىگىلەيلى

## ـــ پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا قاراپ چىقىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا دائىر بىرقانچە مۇھىم، زور مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى»دا، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى ۋە قانۇنىيىتى توغرا ئىگىلىنىپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسى چىڭ تۇتۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ باشتىن ـ ئاخىر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك يادروسى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي سىياسىي رەھبەرلىك كۈچى، جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى ياخشى قىلىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيەدە. ئەگەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، بىزنىڭ دۆلىتىمىز، بىزنىڭ مىللىتىمىز بۈگۈنكىدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلمىگەن بولاتتى، شۇنداقلا بۈگۈنكىدەك خەلقئارا ئورنىغا ئىگە بولالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، دەل باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچ مەركەزلەشتۈرۈلۈپ چوڭ ئىشلار قىلىنغاچقىلا، دۆلەت بىرتۇتاش، ئۈنۈملۈك ھالدا تۈرلۈك ئىشلارنى تەشكىللەپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاچقا، بىر قاتار ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاقابىل تۇرۇلۇپ، سانسىزلىغان جاپا ـ مۇشەققەت، توسالغۇلار يېڭىلىپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىسادنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇش مۆجىزىسى يارىتىلدى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈپ ئاساسى، جان تومۇرى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتى، بەختى. بىز ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش، تۈرلۈك كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان تۈپ تەلەپنى ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ رەھبەرلىك تۈزۈمى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى بىر پۈتۈن، مۇكەممەل بولغان ئىلمىي تۈزۈم سىستېمىسى بولۇپ، ئاساسىي قۇرۇلمىلىق رول ئوينايدىغان تۈپ تۈزۈم، ئاساسىي تۈزۈم، مۇھىم تۈزۈم، بۇنىڭ ئىچىدە بىرتۇتاش يېتەكچىلىك قىلىش ئورنىغا ئىگە بولغىنى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى. ئومۇمىي يىغىندا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش باش ئورۇنغا قويۇلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىش تەلىپى ھەرقايسى جەھەتلەردىكى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىپادىلەندى، گەۋدىلىك بولغىنى دەل پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى بىر تۇتاش رەھبەرلىك ئورنى بولۇپ، پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقسەت، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، كۈچلۈك رەھبەرلىك ئارقىلىق ئۇلۇغ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى نامايان قىلدى.

دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسىنى توغرا ئىگىلەشتە، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى كۆپ جەھەتتە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە، ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغىنى پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي مۇقىملىقنى ساقلاپ، دۆلەتنىڭ باشتىن ـ ئاخىر سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك سىياسىي تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى پارتىيەنىڭ پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرۇشتىكى رەھبەرلىك يادروسلۇق رولىدۇر، ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، «يۇلتۇزلار ئاينى چۆرىدەش» بولۇپ، بۇ «ئاي» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى. دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىن ئىبارەت بۇ چوڭ شاھمات تاختىسىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي بارگاھتىكى «باش قوماندان»، جەڭ ھارۋىسى، ئات ۋە توپلار بولسا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدۇ، بۇلاردىن بۇ تاختا شاھماتنىڭ ۋەزىيىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. يېڭى دەۋردە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئالدى بىلەن پارتىيەنىڭ بارلىق خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋە پەن ـ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت ھەر تەرەپ، ھەر ساھەلەردە، پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قەتئىي قوغداش كېرەك.

دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ۋە ئاساسىنى توغرا ئىگىلەشتە، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىشتا، جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش، ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئۇلۇغ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇھىم، زور ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى زىممىگە ئېلىش كېرەك.» بىز «قارار»دىكى ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلەر بويىچە، پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغدايدىغان تۈرلۈك تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، خەلققە تايىنىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى تۈرلۈك تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان تۈزۈملەرنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى دۆلەت ئىدارە قىلىشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرى، ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.

پارتىيە رەھبەرلىكى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى تەرەققىياتىدىكى «مۇقىملاشتۇرغۇچ». بۈگۈنكى دۇنيادا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى ئالدىدا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتىدە تۇرۇۋاتقاندا، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى سىستېمىسىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكنى تېخىمۇ تولۇق، ياخشى جارى قىلدۇرساق، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش غايىسى زور پاراخوتىنى باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىش بويىچە دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلىتىپ، شانلىق قىرغاققا غەلىبىسىرى ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىگە «قايتا قاراپ چىقىش» دوكلات يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» ئومۇمىي تەلىپىنى يەتكۈزدى، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى. مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جاۋشىڭ ۋە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي ـ قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ جۈنجېڭ يىغىنغا قاتناشتى ھەم خىزمەت دوكلاتى بەردى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

سۈڭ داخەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى ئالغا سىلجىتىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىگە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشتا ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا. بۇ قېتىم نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇشتا، ئاساسلىقى ئاپتونوم رايوننىڭ مەركەز نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدە شەھۋانىيلىق، قىمار، زەھەر ۋە قارا، رەزىل كۈچلەرنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق، ھەتتا قانات ئاستىغا ئېلىش، يول قويۇش، «مۇھاپىزەت كۈنلۈكى» بولۇش مەسىلىلىرىنى مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، مەخسۇس كۈرەشتە قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش، مۇھاپىزەت كۈنلۈكىگە زەربە بېرىش، مۇناسىۋەت تورىنى بۇزۇش، مالىيە مەنبەسى ۋە يېڭى قان تولۇقلاشنى ئۈزۈپ تاشلاش، ئۈنۈپېرسال ئىدارە قىلىش، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرگەن ـ كەلتۈرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ، ئاپتونوم رايوننىڭ تۈزىتىش تەدبىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈشى، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ ئەڭ زور بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

سۈڭ داخەن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى، زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، قالايمىقان نۇقتىنى تۈزەش، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، يوشۇرۇن خەۋپنى تۈگىتىشكە كۈچەپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى تۆھپە قوشۇش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك بىر تۇتاش پىلانلاپ، مەركەزنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»تىكى ئورۇنلاشتۇرمىسى، ئورۇنلاشتۇرۇشنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «مەخسۇس تۈزەش، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق دېلو، نۇقتىلىق مەسىلە»دىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك ۋەزىپىنى نۇقتىلىق چۆرىدەپ، بېكىتىلگەن قەدەم ـ باسقۇچلار بويىچە، تېخىمۇ قەتئىي ئىشەنچ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر، تېخىمۇ پۇختا ئىستىل ئارقىلىق مەخسۇس تۈزەش كۈرىشىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىنتىزام تەلىپىنى چىڭىتىپ، «قايتا قاراپ چىقىش» خىزمىتىنى غەلىبىلىك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش كېرەك.

ۋاڭ جۈنجېڭ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشكە ياخشى نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە «تۆت ئاڭ» «ئىككىنى قوغداش»نى تەكشۈرۈشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى قىلىپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قەتئىي، كەسكىن قاتتىق تۇتۇپ، مەركەزنىڭ تۈزىتىشكە نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، تېزىملىك بويىچە تولۇق قوبۇل قىلىش بىلەن بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلارنىمۇ بىلىشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، ھەيدەكچىلىك قىلىپ تۈزىتىش بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەكشۈرۈش ـ تۈزىتىشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، مەۋقەنى ھازىرغا قويۇش بىلەن يىراقنى كۆزلەشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى ھەل قىلىپ ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچەپ، مەخسۇس كۈرەشنىڭ چوڭقۇرلاپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولدى. كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىش بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش»نى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، ئۆتكەللەرگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭگە قاراپ ئىستراتېگىيەلىك يۆتكىلىشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، دېلولارنى رازۋېدكا قىلىپ پاش قىلىش جېڭىنىڭ دېلولارنى ئەيىبلەپ سوتلاش قانۇن جېڭىگە قاراپ ئېغىرلىق مەركىزىنى ئۆزگەرتىشنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، چوڭقۇر قېزىپ تۈزەشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك، دائىملىق تۈزەش نىشانىغا قاراپ ئۆزگىرىشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، ئۆز قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشتىكى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەتنى قەتئىي زىممىگە ئېلىپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈرىدۇ.

# قاتتىق نازارەت قىلىپ ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىش باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم كۆرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

## ـــ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنىڭ پۇختا قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

□مۇخبىرىمىز جاڭ يۈنمېي

2 ـ تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئەۋەتكەن 16 سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەسىلە يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلارغا قاتتىق، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك، پۇختا، ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

### ■ دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈش، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش

2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە ئالاقىدار ئورۇنلار ۋە خادىملارنىڭ دائىرىسى كەڭ، تۈرى كۆپ، سانى كۆپ بولۇش ئەھۋالىغا قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم 16 سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ قۇردى، ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ئالىي مەكتەپلەر 753 يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ قۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسى يېتەكچىلىك خىزمىتى قوللانمىسىنى مەخسۇس تۈزۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى، ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ئالىي مەكتەپ باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىلىرىدىكى خىزمەت تايانچلىرىنى مەخسۇس تېما بويىچە تەربىيەلىدى، قاراتمىلىق ھالدا يېتەكچىلىك ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك قاپلاشنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 1 ـ، 3 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش لايىھەسى، يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىش، ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقىش، ئاشكارا، يوشۇرۇن تەكشۈرۈش، قايتما ئىنكاس ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشى قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، باش تېما تەربىيەسىدىكى مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا ئالاقىلەشكەن ئورۇنلار پارتكوملىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى بىلەن ۋاقتىدا پىكىرلىشىپ، ئالغا سىلجىتىش كونكرېت چارە ـ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلدى. سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى باشتىن ـ ئاخىر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى چىڭ كۆزلەپ، خادىم، ۋاقىت، مەزمۇن، ئۈنۈمدىن ئىبارەت «تۆت جايىدا بولۇش»نىڭ جايىدا بولغان ـ بولمىغانلىقى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئۆگىنىش ـ تەربىيە سۈپەت ئۆتكىلىنى قاتتىق، ئەمەلىي ياخشى تۇتتى.

«بىز تۆت يۈرۈش بەنزىنىڭ ئۆگىنىشىنى چىڭ كۆزلەش، ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى چىڭ تۇتۇش بىلەن بىللە، يەنە يەرلىكنىڭ مەخسۇس تېمىلىق تەربىيەنى چىڭ تۇتۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ئەھمىيەت بەردۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق 11 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ۋاڭ جۈن مۇنداق دېدى: يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ مەملىكەتلىك «خەلق ئۈلگىسى» ۋە «ئەڭ گۈزەل كۈرەش قىلغۇچى» بۇرماقان مولدۇ، ۋۇ دېڭيۇندىن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىلغار ئىش ئىزلارنى سەييارە دوكلات قىلىش يىغىنىدىن سەككىز مەيدان قېتىم ئۇيۇشتۇرۇشىغا، 14 مىڭدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنى تەربىيەلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 4 ـ، 7 ـ، 13 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى ئالاقىلەشكەن ئورۇنلار پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ بىرىنچى جاۋابكار بولۇش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا پائال مەدەت بېرىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئالاقىلەشكەن ئورۇنلارنىڭ تۆت يۈرۈش بەنزە ئەزالىرىدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىلىق ئوبيېكتلارنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى پائال ئادا قىلىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 8 ـ، 10 ـ، 12 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىلىرى سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش، ئىختىيارىي تاللاپ ئارىلاپ تەكشۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، سۆھبەتلىشىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ئالاقىلەشكەن ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئىلگىرىلەش ئەھۋالىنى چۈشەندى، ئىگىلىدى ھەم ئالاقىلەشكەن ئورۇنلاردىكى تۆت يۈرۈش بەنزىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىدىكى مەسىلىلەرنىڭ توغرا تېپىلمىغانلىرىنى، تەدبىرلەر ئەمەلىي بولمىغانلىرىنى ۋاقتىدا شۇ كىشىگە ۋە پارتكوم (پارتگۇرۇپپا)نىڭ ئاساسلىق رەھبىرىگە قايتما ئىنكاس قىلىپ، تۈزىتىش تەكلىپى بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«قومۇل شەھىرىدىكى تۆت يۈرۈش بەنزە ئەزالىرىنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش دوكلاتىنى تۈزىتىش پىكرىنى قايتما ئىنكاس قىلىش جەريانىدا، كۆپلىگەن رەھبەرلەر مەسىلە جايىدا كۆرسىتىلگەن، ئەمەلىي كۆرسىتىلگەن، ناھايىتى ياخشى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە دەپ ئىنكاس قايتۇردى» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ما لۇڭ.

### ■ دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلىش تۈزىتىش ئەمەلىي ئۈنۈمىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ دەرىجىگە ئايرىپ، تۈرگە ئايرىپ يېتەكچىلىك قىلغاندىلا، ئاندىن ئوقنى نىشانغا ئاتقىلى بولىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ ھەرقايسى سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ھەرقايسى جايلار، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دىققەتنى «2+8» مەخسۇس تۈزەش ۋەزىپىسىگە، «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشتا تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا مەركەزلەشتۈرۈشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، باش تېما تەربىيەسىدە ھەقىقىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 2 ـ، 5 ـ، 14 ـ سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى شەكىلۋازلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش تەلىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېتەكچىلىك قىلىش داۋامىدا ئاڭلاش، كۆرۈش، سوراش، زىيارەت قىلىشنى ئاساس قىلىپ، خاتىرىنى، تەسىرات ئارخىپىنى تەكشۈرمەستىن، نۇقتىلىق ھالدا «مەركەزنىڭ روھىنى ئىگىلەشنىڭ توغرا بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، خىزمەتنىڭ چىڭ تۇتۇلغان ـ تۇتۇلمىغانلىقىغا، ئۈنۈمنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا قارىدى».

ئاپتونوم رايوننىڭ 6 ـ سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئالاقىلەشكەن ئورۇنلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسى مەخسۇس تۈزەش گۇرۇپپىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق باشلامچى ئورۇنلار بىلەن زىچ ئالاقە باغلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ مەخسۇس تۈزەشنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، تۆۋەننىڭ سوئالىغا يۇقىرى جاۋاب بېرىش ۋە يۇقىرىنىڭ سوئالىغا تۆۋەن جاۋاب بېرىشنى ياخشى ئىشلىدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ 15 ـ، 16 ـ سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ باش تېما تەربىيەسىنى «ئۆيگە كىرىش، ئىككى بىلەن ئالاقىلىشىش، بىر بىلەن دوستلىشىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتكوم رەھبەرلىكىدىكى مەكتەپ مۇدىرى مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئىدېئولوگىيە خىزمىتى، ئوقۇغۇچىلار ئىجتىمائىي تەشكىلاتى خىزمىتىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ تۈزەپ ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.

ھەرقايسى سەييارە يېتەكچىلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار مەخسۇس تۈزەش جەھەتتىكى ھەم گەۋدىلىك، ھەم مۇھىم مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل رەتلەپ، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، دەرھال تۈزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۈرۈمچى شەھىرى تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاش، يېزا ئىگىلىكىگە ئالاقىدار مەبلەغنى باشقۇرۇش، مەھەللە ئائىلىلىك كۈتۈنۈش مۇلازىمىتى قاتارلىق ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى مەركەزلىك ھەل قىلىپ، ۋاقتىدا ئىز قوغلاپ ئۈنۈمىنى سۈرۈشتۈردى؛ تۇرپان شەھىرى ساياھەتچىلىكنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا ساقلىنىۋاتقان «ئۈچ قىيىن بولۇش، بىر راۋان بولماسلىق»، مۇلازىمەت سۈپىتى يۇقىرى بولماسلىق، ئىستېرېئولۇق تەشۋىق قىلىش يېتەرلىك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، ساياھەت ئىگىلىكى مەخسۇس كۇرسى تەسىس قىلىپ، سۈرۈك ئىچىدە تۈزەپ، 15 باش تېما لىنىيەسى بەرپا قىلىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى؛ شىنجاڭ تىببىي داشۆسى «3+3+1» خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنى نىشانلاپ، قەرەللىك ھالدا سەييارە داۋالاش ئەترىتىنى جەنۇبىي شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، ئۆپكە تۇبېركۇليوز قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشنى قانات يايدۇردى، قاراقاش ناھىيەسىدىكى 450 يېزا ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى تەربىيەلەپ، يۆتكەپ ئالىي مەكتەپ سىستېمىسىدا مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.